1995-يىل
27-فېۋرال
دۈشەنبە
№ 2(9)

ЫНТЫМАК
ITTIFAK
ЕДИНСТВО

# ئىتتىپاق

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي-سىياسىي گېزىت
گېزىت 1994-يىلى مارتتىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ
ئەركىن باھا

ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر


## مۇھتەرەم خانىم-قىزلار! سىلەرنى خەلقئارا 8-مارت ئاياللار بايرىمى بىلەن تەبرىكلەيمىز!

## سايلام توغرىسىدا ئويلار

كۆپ خەلقنىڭ پەرەز قىلىشىچە ۋە گېزىت، تېلېرادىئو خەۋەرلىرىگە قارىغاندىمۇ بۇ قېتىمقى قىرغىزىستان دۆلەت پارلامېنتىغا ۋەكىل تاللاش سايلىمى خالىس ئۆتمىدى. چۈنكى «زامان زورنىڭ» دېگەندەك، كىمنىڭ مۇناسىۋەتلىرى كۆپلىگەرەك بولۇپ، يانچۇغى ئېغىرراق بولسا يول شۇنىڭ بولدى.

دۆلەت پارلامېنتىغا سايلانغان ۋەكىللەرنىڭ مىللىي تەركىبىمۇ مۇۋاپىق چىقمىدى. ھازىرقى كۆرسىتىلگەن ھېساۋاتى بويىچە ئاران 7 ئۆزبەك، 5 روس، 1 نېمىس، 1 قاراچاينى دېمىگەندە پارلىق دېپۇتاتلار پەقەت بىر مىللەتنىڭلا ۋەكىللىرى بولۇپ قالدى.

شۇنداق بولسىمۇ، روس ۋە ئۆزبەكلەرنىڭ (ئۇلار جۇمھۇرىيەتتە سان جەھەتتىن 2، 3-ئورۇندا تۇرىدۇ) يەنە ۋەكىللىرىنى چىقىرىش ئىمكانىيىتى بار. ئەندى سان جەھەتتىن تۆۋەنرەك، لېكىن خېلە سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلەيدىغان باشقا مىللەتلەرچۇ، قانداق قىلىشى كېرەك؟ شۇلارنىڭ ئىچىدە، ئەگەر ئۇيغۇرلارنى مىسالغا ئالساق (سايلام قانۇنى بويىچە يۇقارقى پالاتىغا بىر ئوكرۇگتا سايلامغا 70-60 مىڭ، تۆۋەنكى پالاتىغا 40-35 مىڭ ئادەم قاتنىشىشقا تېگىشلىك. شۇنىڭ 51 پروسەنتى قاتناشقاندىلا سايلام ئۆز كۈچىگە ئىگە بولىدۇ ۋە ئەشۇ 51 پروسەنت قاتناشقۇچىنىڭ 51 پروسەنتىنىڭ ئاۋازىغا ئىگە بولغاندىلا نامزات سايلىنىدۇ.) ئۇيغۇرلارنىڭ سانى جۇمھۇرىيەت بويىچە 50 مىڭدىن ئوشۇق. شۇندا بىزگە يۇقارقى ۋە تۆۋەنكى پالاتىلارغا بىردىن ئىككى ئورۇن كېلىدۇ. لېكىن بىز تارقاق ياشىغانلىغىمىز سەۋەبىدىن كېرەكلىك ئاۋازنى ئالالمىدۇق. ۋە ئېلىشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. سەۋەبى، بىز ئەڭ توپ ياشايمىز دېگەن جايلاردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئاۋاز سانى ئىككى مىڭدىن ئاشمايدۇ.

بۇ تەرەپلەرنى ھۆكۈمەت ھېساپقا ئېلىپ، سان جەھەتتىن خېلە كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان ھەر بىر مىللەتكە ئۆز مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئارقىلىق بىر نامزات كۆرسىتىشنى ئىمتىياز قىلغان بولسا مۇۋاپىق بولماسمىدى. ئاندىن، ھەر بىر مەدەنىيەت مەركىزى ئۆز ئىچىدە، تاللاۋ بىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزلىرى سايلام ژۈرگۈزۈپ، ئۆز ۋەكىللىرىنى ئەۋەتكەن بولار ئېدى.

بۇ ئەھۋالنى تۈزەشكە ھېلىمۇ كەچ بولمىسا كېرەك. مەسىلەن، تۆۋەنكى پالاتىنىڭ سان تەركىۋىنى 70 ئەمەس 85 كە كۆتۈرۈپ، 15 ئورۇننى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئاجرىتىپ بەرسە. بۇ كۆپ مىللەتلىك قىرغىز دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەقىقەتەن بارلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش كۆز قارىغانلىقى بولۇپ ھېساپلىناتتى.

مۇزەپپەرخان قۇربان



پلېنوم قاتناشچىلىرى مەجلىس زالىدا

(يو. پوگور بلوۋنىڭ فوتو سۈرىتى)

## قىرغىزىستان ئۇيغۇر «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ پلېنومى

يېقىندا قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇمھۇرىيەتلىك «ئىتتىپاق» جەمئىيىتى مەركىزىي كېڭەشىنىڭ پلېنومى بولۇپ ئۆتتى. پلېنومدا «ئىتتىپاق» نىڭ رەئىسى نۇرمۇھەممەت كەنجى ھېساۋات دوكلادى بىلەن سۆزگە چىقىپ، جەمئىيەتنىڭ 1994-يىلدا بەلگۈلەنگەن 18 ماددىدىن ئىبارەت ئىش پىلانىنىڭ 17 تولۇق ئاتقۇرۇلغانلىقىنى. ئۇنىڭ سىرتىدا 10 دىن ئارتۇق پىلاندا كۆرسىتىلمىگەن ئىش بەجا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاتاپ ئۆتتى. مەسىلەن:

1. 1994-يىلى 25 مارتتىن باشلاپ، قىرغىزىستان تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئۇيغۇر، روس تىللىرىدا «ئىتتىپاق» گېزىتى چىقىشقا باشلىدى.

2. ئاپرېل ئېيىدا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاۋىنىڭ رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تۇغۇلغانلىغىغا 80 يىل توشقانلىقىنى ئۇيغۇرستان ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەن بىرگە نىشانلىدى.

3. 1990-يىلى 5 ئاپرېل قەشقەر بارىن يېزىسىدا خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭىغا 4 يىل تولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن بىشكېك، قارا-بالتا شەھەرلىرىدە خاتىرە مەجلىسلەر كەڭ دائىرىدە، ئۇ ئاتەت تەشكىلاتى بىلەن بىرگە ئۆتكۈزۈلدى.

4. 1994-يىلى 18 مارتتا فرونزى مۇزېيىدا ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىگە بېغىشلانغان كۆرگەزمە ئېچىلىپ، ئۈچ ئاي داۋامىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىنقىلاۋىنى تارىخى بىلەن باشقا خەلقلەر تونۇشتۇرۇلدى.

5. 1962-يىلى 29-مايدا غۇلجىدا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقىيە توغرىسىدا 1994-يىلى 29-مايدا كەڭ دائىرىدە خاتىرە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

(ئاخىرى 2-3-بەتلەردە).

(بېشى 1- بەتتە)

# قىرغىزىستان ئۇيغۇر «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ پلېنۇمى

6. 1994-يىلى 15- ئىيول قىرغىزىستان تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كونفېرېنسىيەسى ئۆتكۈزۈلدى.

7. 1994-يىلى 5- ئاۋغۇست قىرغىزىستاندا ئىنسان ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىش تەشكىلاتى، قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى ۋە باشقا سەياسىي، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەسسە قوشۇشى بىلەن بىشكېك شەھىرىدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا، ئۇيغۇرىستاننىڭ «لوبنور» كۆلى تەۋەسىدە خىتاينىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاتوم سىنىقىغا قارشى پىكەت ئۇيۇشتۇرۇلدى.

8. كۆرنەكلىك ئالىم، پروفېسسور كازىمىر كارىموۋنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئاتوم- يادرو قورالىغا قارشى قىرغىزىستان «لوبنور» ھەرىكىتى، خەلقئارادا تونۇلغان قازاق شائىرى ئولجاس سۇلېيمانوۋنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئاتوم- يادرو قورالىغا قارشى، قازاقستان «نېۋادا - سەمەي» ھەرىكىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، 1994-يىلى 26 ئاۋغۇست خىتاينىڭ ئۇيغۇرىستاندا ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاتوم سىناقلىرى توغرىسىدا، قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ چوڭ زالىدا خەلقئارا كونفېرېنسىيە ئۆتكۈزۈلۈپ، كۆرنەكلىك سەنئەت ئەربابى سابىت باباجانوۋنىڭ يادرو قورالغا قارشى كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

9. 1994-يىلى ئاۋغۇست بىشكېك شەھىرىدە ئىككى كۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

10. 1944-1949-يىللىرىچە ھۆكۈم سۈرگەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلانغان خاتىرە يىغىنى 1994-يىلى 12- نويابىر كەڭ دائىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

11. جۇمھۇرىيەت تەۋەسىدە ھەر يىلى 22. مارتتا ئۆتكۈزۈلىدىغان نورۇز بايرىمىغا تولۇق قاتنىشىپ، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى بىلەن ئامىللىرىنىڭ كۆرگەزمىسى كەڭ دائىرىدە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

12. قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى ئاسقار ئاقايېۋ بىلەن 1994-يىلى 3 قېتىم ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈلۈپ، جۇمھۇرىيەت تەۋەسىدە ياشاۋاتقان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر قاتارىدا ئۇيغۇرلارغا تېگىشلىك مەسىلەر قويۇلدى.

13. كۆرنەكلىك ئۇيغۇر ئالىمى، پروفېسسور ئەزىز نارىنباۋنىڭ 75 ياشقا تولۇشى بىلەن «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنى قۇرۇشتا سالماقلىق كۈچ چىقارغان زۇت چوڭلىرىنىڭ بىرى ئىسمائىل ئاكا غاپپاروۋنىڭ 90 ياشقا كىرگەنلىكى 1994-يىلى بىر تۈركۈم تىجارەتچىلەرنىڭ ۋە «ئالەمبەدىن-1» مىكرورايونى لېبېدىنوۋكا مەھەللە جامائەتچىلىكىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بىلەن «ئىتتىپاق» تەرىپىدىن ئالاھىدە خاتىرىلەندى.

14. «ئىتتىپاق» تەركىۋىدىكى ئاق-ساقاللار كېڭىشىنىڭ تەركىۋى مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى رەئىسى سابىت ئاكا ھاپىزى سالامەتچىلىكىنىڭ ناچارلىشىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىستىپا ئالغاندىن كېيىن، ئاق-ساقاللار كېڭىشىنىڭ رەئىسلىككە كېلىشى ئەزالىرىنىڭ تولۇق ئاۋاز بېرىشى بىلەن سەلىم ئاكا ئىمىنوۋ سايلاندى.

15. ياۋروپا ھەمكارلىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى ساقلاش جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن 3 قېتىملىق ئۇچرىشىشتا، ئىنسان ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىش مەسىلىسى بويىچە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى كەڭ دائىرىدە بايان قىلىندى.



پىلېنوم قاتناشچىلىرى مەجلىس زالىدا

(يو. يوگور بلوۋنىڭ فوتو سۈرىتى)

16. ئۇيغۇر ياشلىرىنى مىللىي روھتا تەربىيەلەش مەسىلىسى بويىچە 1994-يىلى 3 قېتىم ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈلۈپ، مىللىي مەدەنىيەت، تىل، تارىخىمىزنى، سەنئىتىمىزنى ئۆگىنىپ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تېپىشماق ئويۇنلىرى، قىزىق كونسېرت پروگراممىلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

17. ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنى قۇرۇش ئۈچۈن بىشكېك شەھىرى سۋېردلوۋ راي ئىسپولكومىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بوش يەر «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىگە بېرىلدى (ئەندىكى مەسىلە پەقەت ئىختىساتقا باغلىقدۇر).

18. بىشكېك شەھىرىدىكى بارلىق ئەلچىخانىلارنى ئۇلارنىڭ دۆلەت بايراملىرى بىلەن تەبرىكلەش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقى تونۇشتۇرۇلىۋاتىدۇ.

19. 1994-يىلى ئىككى قېتىم ئالموتىدىكى ئۇيغۇر مىللىي ئانسامبىللىرى تەكلىپ قىلىنىپ، كونسېرت پروگراممىلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

20. 1994-يىلى قىرغىز سلاۋيان ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىككى بالا ئوقۇشقا چۈشۈرۈلدى.

21. بىشكېك تۇربازىسىدا تىجارەت قىلىۋاتقان ۋەتەنداشلارنىڭ بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچراۋاتقانلىقى توغرىسىدا: شەھەر، رايون ھاكىملىرىنىڭ، دۆلەت ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ ئورۇنباسارى، ۋىزا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش مەسىلىسى باشلىقىنىڭ مۇئاۋىنى ۋە تاموژنا مەھكىمىسى ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تۇربازىدا كەڭ دائىرىلىق مەجلىس ئۆتكۈزۈلدى.

22. «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىگە ئىئانە قىلىنغان پۇلدىن 1994-يىلى تۇرمۇش دەرىجىسى ئېغىر ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىن، ئالدى بىلەن 33 ئائىلىگە 6460 سوم، كېيىن يەنە 7 ئائىلىگە 1650 سوم ياردەم بېرىلدى.

23. «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىگە 1 ۋىدېئوكامېرا، 1 فوتوئاپپارات، 1 دىكتوفون سېتىپ ئېلىندى.

24. 1994-يىلى چەت ئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەرلەردىن: ياۋروپادىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي بىرلىكىنىڭ رەئىسى ئەركىن ئالىپتېكىن ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ئەنۋەرجانلار بىلەن ئىككى قېتىم ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈلدى.

25. ئەخمەتجان ئەلىيېۋ، پەرھات ھاشىروۋ رەھبەرلىكىدىكى سەنئەت گۇرۇپپىسى تۈركىيەنىڭ پۈتۈن ياۋروپاغا كۆرسىتىدىغان «ئاۋروپا-ئاسىيە» تېلېپروگراممىسىغا ئىككى قېتىم كونسېرت بەردى.

ئۇ شۇنداقلا، «ئىتتىپاق» جەمئىيىتى 1994-يىلى بىشكېك شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل بايرام، كونفېرېنسىيەلەرگە تولۇق قاتنىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن تاشقىرى، يېزىلىق، شەھەرلىك سالام كومپانىيەلىرىگە قاتنىشىپ، چەت ئەل گېزىت-مۇخبىرلىرىغا ئۇيغۇرلار مەسىلىسى بويىچە كەڭ دائىرىدە ئەخبارات بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىغا توختىلىپ، كۆك-يار يېزىلىق كېڭىشىنىڭ، كۆك-يار زەرەتكالىقىدا شەھەرلىكلەرنى قويۇشقا رۇخسەت قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن، يېزىلىق كېڭەشنىڭ رەئىسى «ئىتتىپاق» تەرىپىدىن ئالەمبەدىن رايونلۇق ئىدارىسى كومىتېتىغا چاقىرىلىپ، ئۇنىڭ بۇ ناتوغرا ئىشىنى چەكلىگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

ۋە، ئابدۇكېرىم ھاجىم رەھبەرلىكىدىكى «ئالەمبەدىن-1» ئۇيغۇر جامائىتى، تۇرسۇن ھاجىم بەرا رەھبەرلىكىدىكى «كىروۋ» ئۇيغۇر جامائىتى، گۈلئايىم ھاجىم قەمبەروۋا باشچىلىقىدىكى ئاياللار كېڭىشى، ئابلىز ھاجىم مادالىبا ۋە قادىرجان ئابدىرىخون ئوغلى باشلىق كارپىنسكايا مەھەللە تەۋەسىدىكى بىر توپ ئۇيغۇر ياشلىرى ئاخچا يىغىپ 1994-يىلى «ئىتتىپاق» نامىدىن بىشكېك شەھىرىدىكى قۇلىقى ۋە كۆزى ئاجىزلار ئۆيىدىكى، نېرۋا بېمارلىرى فوموۋكا يېزىسىدىكى قېرىلار ئۆيىدىكى مەيىپلەر-

(ئاخىرى 3- بەتتە)

## (بېشى 1-، 2-بەتلەردە)

# قىرغىزىستان ئۇيغۇر «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ پلېنومى

تى 8 قېتىم تاماق ئېتىپ ئاپىرىپ يوقلاپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ قىرغىزىستان دۆلەت پارلامېنتى تەركىۋىدە ئامېرىكا، سەئۇدىيە ئەرەبىستانىغا بارغاندا، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇل بىرلەشكەن كومىتېتىنىڭ ۋىتسې-پرېزىدېنتى سۈپىتىدە، ئامېرىكىنىڭ نيۇ-يورك شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن كونفېرېنسىيەلەرگە قاتنىشىپ، ئۇيغۇرلار مەسىلىسى توغرىسىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى «ئىتتىپاق» 1994-يىلى قىلغان ئىشلىرى جۈملىسىدىن ئېكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتتى.

دۇلاسلاپ ئېيتقاندا «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ 1994-يىلى ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى مەجلىس قاتناشچىلىرىنى قانائەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كامچىلىق تەرەپلىرىمۇ مۇھاكىمە قىلىنىپ، مەجلىس نەتىجىلىك ئاياقلاشتى.

**ئۆز مۇخبىرىمىز**

# زامان ئاۋازى

1994-يىلى 25-ئاۋغۇست قەشقەر بىلەن قىرغىزىستان چېگراسى تورۇغاتنىڭ ئارىلىقىدا يول ياساۋاتقان خىتايلار، قىرغىزىستانغا مال يۆتكەپ كېلىۋاتقان خىتايلارنىڭ ماشىنىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇرلارغا يول بەرمىگەن. بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەن ئۇستۇن ئاتۇشلۇق تۇرسۇن سىدىقنى 20 گە يېقىن خىتاي بىر بولۇپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۆز زېمىنىدا تۇرۇپ، مۇنداق تەھقىرلىنىشكە ئۇچراۋاتقانلىقىغا غەزىۋى قايىنغان خەلق 1994-يىلى 25-ئاۋغۇست 29 ياشلىق تۇرسۇن سىدىقنىڭ جەسىدىنى كۆتۈرۈپ نامايىش بىلەن (قىرغىز ئاۋتونوم ۋىلايىتىنىڭ 30 يىللىقىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان پەيتتە) ئاتۇشنىڭ يېنىدىكى كۆۋرۈككە كەلگەندە، خىتاي ساقچىلىرى يولنى توساپ ئۇ تەرەپكە ئۆتكەزمىگەن.

ئۆز ۋەتىنى، ئۆز زېمىنىدا تۇرۇپ، چېقىۋاتقان مۇنداق ھاقارەتتىن، ئارتۇق ھاقارەت بولمىسا كېرەك!

**ئا. ۋ.** قەشقەر شەھىرى

# سادا

مەن ئۈچۈن مۇقەددەس بىرلا ھەقىقەت:
«ئۇيغۇرۇم، ۋەتىنىم، ئازاتلىق پەقەت.
تە ئارمان جان بەرسەم ئۇنىڭ ئۈچۈنلا،
كېرەك ئەمەس شۆھرەت ۋە مەنسەپ پاراغەت

ۋەتىنىم غۇرۇرۇم، ۋەتىنىم ئىمان،
ۋەتىنىم ھاياتىم، ۋەتىنىم ۋىجدان.
يالقۇنلۇق باغرىدا ئۆستۈرگەن مېنى،
ۋەتىنىم جەننىتىم ئۇيغۇرىستان.

ئەي نادان! ئۇيغۇرنى «ئىناقسىز» دېمە،
ئۇ مىللەت قاچاق ھەم ۋەتەنسىز دېمە.
دۇنيانى ئويغاتقان بۈيۈك ئۇيغۇرنى،
قۇللۇقتىن بوشاشقا ئامالسىز دېمە.

دۇنيادىن يوقالدى سانسىز ھۆكۈمران،
ھەر ئەركىن مىللەتنى مەھكۇم قۇل قىلغان.
بۇ ئۇلۇغ رىياللىق تارىخ گۇۋادۇر،
زاۋاللىغا يۈزلەندى زۇلمەت-زوراۋان.

زېمىستان قىش كېتىپ باھار ئىلىلدى،
كۈن چىقىپ ئۇيغۇرغا جاھان ئىلىلدى،
دان بېرىپ ئالداشقا مۇمكىن بولامدۇ،
«تاڭ پەيتى كەلدى» دەپ خوراز چىللىدى

مەسخىرىلىك كۈلمىگىن تاڭ يېقىن دىسەم،
ئۇيغۇرغا ئەركىنلىك چاغ يېقىن دىسەم.
ئويغاق بىز، ئويغاندۇق ھەممىمىز بىردەك
ھەقىقەت بىزدەدۇر، ھەم غەلبە دىسەم.

فېۋرال 1995-يىل
قەشقەر-ئۈرۈمچى.
**يالقۇن**

قىرغىزىستان دۆلەت پارلامېنتىغا دېپۇتات سايلاش جەريانىدا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر «ئىتتىپاق» جەمئىيىتى بىلەن قىرغىزىستان خەلقى ئاسسامبلېيەسى مېنى نامزات كۆرسەتكەنلىكىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىرەر ۋەكىلىنىڭ دۆلەت پارلامېنتى تەركىبىگە ئۆتۈپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ، ھارماي-تالماي پائالىيەت كۆرسەتكەن بارلىق ۋەتەنداشلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

بەختكە قارشى نەتىجە بىز كۈتكەندەك بولمىدى. لېكىن بۇنىڭغا روھسىزلىنىپ كېتىشنىڭمۇ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. چۈنكى ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن ياققان چىراق بۇنىڭ بىلەن ئۆچۈپ قالمايدۇ.

**نۇرمۇھەممەت ھاجىم كەنجى**
«ئىتتىپاق» رەئىسى

# «ئالاتو» سوۋخوز جامائىتىنىڭ پائالىيىتى

«ئالاتو» ئۈزۈم سوۋخوزى قىرغىزىستان يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك ئالما، ئۈزۈملىرى بىلەن مەشھۇر. بۇ سوۋخوز روس، نېمىس، قىرغىز، ئۇيغۇر قاتارلىق كۆپ مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، بىر يەكدىل قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ ھازىرقى قىيىنچىلىقلارغا بوي بەرمەي يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمەكتە. سوۋخوزدا ياشاۋاتقان 150 تۈتۈن ئۇيغۇر ئاھالىسى ئۆزىنىڭ ئەمگەكسۆيەر، ئوغۇل-قىزلىرى، شۇنداقلا 25 يىلدىن بىرى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە رەھبەرلىك قىلىپ كېلىۋاتقان زىكىت بېشى، ئۇيغۇر «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ يەرلىك شۆبە رەئىسى ئابدۇمېجىت ئۆمەر، زۇت مۇتىۋەرلىرى: مېچىتنىڭ ئىمامى توختاخۇن خاتىباقى، ئاشخوجا ھاجىم، ھوشۇراخۇن مايىتوۋ، ئابدۇكېرىم شەمىيېۋ، ئۆزئات يەرلىك تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ئابدۇقېيىم روزى، تورغان رەشىت، تورغان ئابدۇللا، قېيىم توردى، مۇزە پەر توردى، ساۋۇت روزى، ئاياللاردىن نۇرنىساخان ئىبراھىم، خاسىيەت مىرى، خىمۇۋا، زىۋىدەم سەمېتوۋا، پەرىدەم سەمەت، ياش ئاكتىپىستلىرى ئەركىن ساپىرجان، مۇمۇنجان سالىجانوۋ، يارمۇھەممەت ئابدۇللايېۋ، ئابىرجان ۋە باشقىلاردىن مەغرۇرلىنىدۇ.

ئالاتو ئۇيغۇر جامائىتى ھەر يىلى نورۇز ۋە باشقا بايراملارنى قىرغىز خەلقى بىلەن بىرلىكتە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق باشقىلارغا ئۈلگە بولماقتا. كېيىنكى مۇشتىرى توپلاش ۋە باشقا ئىجتىمائىي ھەركەتلەردىمۇ ئالدىنقىلاردىن بولۇپ كەلمەكتە.

1993-يىلى ئالاتو خەلقى ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق يىلى بولدى. ساخاۋەتلىك ئىنسان تاشخوجا ھاجىمنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتىن كۈچ چىقىرىشى بىلەن 200 كىشىلىك مېچىت قەد كۆتۈرۈپ، ئالاتو جامائىتى ھېيت نامىز، جۈمە نامىز ۋە كۈندىلىك ئىبادەتلىرىنى ئۆزىنىڭ مېچىتىدە ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.



«ئالاتو» سوۋخوزى ئۇيغۇر جامائەت مۇتىۋەرلىرى

شۇنداقلا «ئالاتو» سوۋخوزىدىكى ئۆزئاتنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى تەشۋىق-تەرغىبات ئىشلىرىنى ياخشى ئۇيۇشتۇرۇپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك پائالىيەت كۆرسەتمەكتە.

**سابىت ھاپىزى**

# شېئرىيەت گۈلزارى

## رۇبائىيلار

### سائادەت باباجانوۋا

(تاشكەنت)

بۇ كەڭ جاھاننى ئانا دېسەك گەر،
سۈتتەك تازا ئاپئاق تاڭ سەھەر.
ئانا ئەللەيسىن ئاڭلىساڭ تاڭدا،
بۇ مۇڭلۇق كۆيدىن قەلبىڭ تەۋرىنەر.

•

ئانا پەرزەنتكە مېھىر بەخش ئېتەر،
ئانا ئالەمنى ياشارتىپ كېتەر.
ئانا سۈتىدەك تازا قەلبىدىن،
دىللارغا غورۇر كۆزگە نۇر بېرەر.

•

ئانا مېھرىنىڭ مەدھىيىلىنەر سۆزلىرىدە،
ۋەسلىڭ ئايان، گۈلگە ئامراق كۆزلىرىدە.
سېنىڭ مەڭگۈ ھاياتلىغىڭ شۇ ئەمەسمۇ،
مەن كېلىمەن ئانا بولۇپ ئىزلىرىڭدە.

## قاچ

### گۈلى

(سوقۇلۇق رايونى مالاۋۇدنى يېزىسى)

ھەقنى ناھەق دەپ تالاشقاندىن قاچ،
تۆھمەتچى كاززاپ بالاخوردىن قاچ.
ھارامنى ھالال دېگەن ئىمانسىز،
دىنىنى ساتقان قارا يۈزدىن قاچ.

ھارامنىڭ يېلى ئەسلا تۈزەلمەس،
يالغانغا پاۋەت كۆرسەتكەندىن قاچ.
ئىسمى جىسمىغا يارىشمايدىغان،
ئالدامچى مەككار نائىنساپتىن قاچ.

قۇيرۇق تويۇن تۈپكۈلگەن دوستەتتىن قاچ،
سۆزى بېجەنا گېپى چوڭدىن قاچ.
تەگستەي سېنى غادىيىپ ئالغان،
غاختانچاق زۇتداش قېرىنداشتىن قاچ.

## ماقالىغا مايىل قۇرلار

### ئابلىز روزى

ئاتىنىڭ بىلىگى كۈچلۈك،
ئانىنىڭ تىلىگى.

ئانا تۇتقان چۆچەك بويا،
بالىسىغا شىپا گىيا.

چۈشۈك بۇزۇلسا خىيال ئىگىدىن،
مېھمان كەلمىسە ئايالىگىدىن كۆر.

جۈپتى ياخشىدا ئىم كۈلىدۇر،
جۈپتى يامان بورۇن ئۆلىدۇر.

تول قالغانغا زامانە كەڭدۇر،
بويتاق قالغىنىڭ ئۆلۈمگە تەڭدۇر.

تۇنجا جۈپتۈك قولاقتا قولاق،
كېيىنكىسىدۇر ئۆلانغان ئۆلاق.

ئايال ئۇچسا كۆزىدىن،
ئەر ئادىشار سۆزىدىن.

قىز ئۇزاتقان ئۇزاتقا،
كۆيەر ئازاپ دوزاقتا.

كونا يارىڭ كۆڭدە ئىزدەر،
يېڭى يارىڭ كۆزدە.

جۈپتى ھايات تاپار نۇسرەت،
جۈپسىز ھايات قايغۇ ھەسرەت.

## ئۆكۈنۈش

### ئابلىز روزى

بېشىم تېگىپ ياستۇققا،
خىياللار ئېلىپ كەتتى.
ئايلىنىپ كەڭ ئالەمنى،
تۇۋۇت ژۇتۇمغا يەتتى.

كۆردۈم ئانام قەبرىنى،
تىز پۈكۈپ بەردىم سالام.
يەر تېگىدىن ئۈن قاتتى،
كەپسەن دەپ جىنىم بالام.

ھەئە دېدىم ئانامغا
قەبرىدىن توپراق ئېلىپ.
جۇدالىق ئەلەم ئېگەن،
ژىغلاۋەتتىم ئۈن سېلىپ.

ژۈرۈگۈمدە گەپ تولا،
ئىستالىمىدىم ئۆمچۈيۈپ.
تەغدىرگە نېمە چارە،
قايتتىم خوش دەپ شۈمشۈيۈپ.

## تەبرىكنامە

ھۆرمەتلىك مېھرىبان، كۆيۈمچان نۇرانى ئاق كۆڭۈل ھەدە، سىڭىللىم خانىم، قىزلار!

سىزلەرنى پۈتۈن دۇنيا خەلقئارا 8-مارت ئاياللار بايرىمى بىلەن تەبرىكلەيمەن.

سىزلەرگە سالامەتلىك، بەخت، سائادەت ۋە خۇشاللىقلار يار بولسۇن.

ئەزىز قېرىنداشلاردا ئىشەن خەلقىمىز: «دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ئاياللاردا. ئاياللار ۋاپادار بولغۇچى. ئاياللارنىڭ ئەڭ گۈزەللىكى ناموسىدا. ئاياللار ئەرلەرنىڭ سۆيۈنگەن تېپى. دۇنيا تار بولغاندىمۇ ئاياللار كۆڭلى كەڭ بولىدۇ. چىرايلىق ئايال گۆھەر بولسا، ئەقىللىق ئايال تۈگىمەس غەزىنە. ئاياللار بار يەردە بەرىكەت بار»، دەپ بىكار ئېيتمىغان.

ئۇلۇغ ئاللا ئاياللار - قىزلىرىمىزنىڭ بارلىق تىلەكلىرىنى قوبۇل قىلىپ مەخسەت مۇرادلىرىغا يەتكۈزسۇن.

**گۈلئايىم ھاجىم ئەمبەروۋا**

ئۇيغۇر «ئىتتىپاق» جەمىيىتى يېنىدىكى ئاياللار كېڭىشىنىڭ رەئىسى

## ئېلان

1995-ژىلى 6-مارت كۈنى كومۋول - سوكۇلۇك كومبىناتىنىڭ مەدەنىيەت سارىيىدا قىرغىزستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر «ئىتتىپاق» جەمىيىتى بىلەن قىرغىزستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى يېنىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات كېڭىشى تەييارلىغاندا 8-مارت ئاياللار بايرىمىغا بېغىشلانغان كۆڭۈللۈك خاتىرە ژىغىنى ئۆتكۈزىلىدۇ.

ژىغىن ئەتىگەن سائەت 10 دا باشلىنىدۇ.

ژىغىندا قىرغىزستاندىكى ئۇيغۇر ئانسامبىللىرى قاتنىشىپ كونسېرت كۆرسىتىدۇ.

«ئىتتىپاق» گېزىتىنىڭ
تەھرىراتى

باش مۇھەررىر
**مۇزاپپەرخان قۇربان**
باش مۇھەررىرنىڭ ئورۇنباسارى
**ئەكبەرجان باۋدۇن**
مەسئۇل كاتىپ
**ئابلىز روزى**
رەسسام
**سابىت باباجان**
ئىختىسات مۇدىرى
**ئەلى ئايۇپ**

گېزىتىمىزگە: **ئە. سالايوت، ئە. بابايېۋلار** رەھبەرلىكىدىكى **«مەريەم»** فىرمىسى سپونسورلۇق قىلىدۇ.

**تېلېفونلار:**
26-10-07؛ 22-83-14
**ئادرېس:**
بىشكەك - 720040
پۇشكىن كوچىسى، 78-ئۆي
206 - بۆلۈم

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى: قىرغىزستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر «ئىتتىپاق» جەمىيىتى

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلارنىڭ مەسئۇلىيەتلىكى ئاپتورلار ئۈستىدە. ئاپتورلار مەۋقەسى تەھرىرات مەۋقەسى بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. تەھرىراتقا كەلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.

**Республиканская общественно-политическая газета**

Издается с марта 1994 г.
Учредитель Общество уйгуров Кыргызской Республики "Иттипак"

(Зарегистрирован в Министерстве юстиции Кыргызской Республики свидетельство № 100)

главный редактор
**Музапархан Курбан**
*тел. 26-10-07*

**Акбаржан Бавдун**
заместитель гл. редактора

**Аблиз Рози**
ответственный секретарь

**Сабит Бабаджанов**
художник

**Али Аюп**
коммерческий директор

*Спонсор:*
Фирма "Марьям" ЛТД.
Директоры: **Салают А., Бабаев А.**

Газета выходит 1 раз в месяц.
Набрана в редакции газеты "Иттипак"

Отпечатано в Малом Кантском типографическом предприятии

Офсетная ________ п.л.
Тираж 1300
Заказ № 232